# بار قەلبىمدە ئاتمىغان تاڭلار

(شېئىرلار توپلىمى)

ئەركىن ئابدۇكېرىم

ئۆچمەس ئوت

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

**1**

## بار قەلبىمدە ئاتمىغان تاڭلار

كېچە قوينىغا مەھكۇم ھاياتىم،
ھالسىرىغان بەدەن ئېغىر تىنىقلار.
سۈبھىنى كۈتەر ئاخىرقى ئارزۇ،
باردۇر قەلبىمدە ئاتمىغان تاڭلار.

،

كۆزلىرىم قارىغۇ قۇلىقىم سەگەك،
ئاڭلانغان ئاۋاز بۆرىنىڭ ئەمەس.
سىياقى ئوخشار ماكانى ئايرىم،
چىشلەيدۇ ئەمما پۈتۈن يىيەلمەس.

شەپەرەڭگىمۇ بايرام تەنتەنە،

هۇۋقۇشلار توپى چۈشتى ناۋاغا.
كۆيگە تەڭكەش بولسا چېكەتكە،
قۇتربغان جىنلار ئۆرلەر ساماغا.

،

ئۆمىد يا ئۆلۈم كېچە قوينىدا،
كۆزلىرىم ئويغان قىززىدى قانلار.
چىللار سۆبھىنى خوراز ئاۋازى،
باردۇر قەلبمدە ئاتمغان تاڭلار.

**2**

ئېزىلدى يۈرەكلەر بېرەلمەي بەرداش.

*  *

ئۆمۈر ئۆتىۋاتىدۇ ۋاقىت ئالدىراش،
بىر شادلىق كەينىگە ئون ھەسرەت ياندىاش.

نادانغا قول بەرسەك پۇتمىز توكۇر،
پۇشايمان قاچىسىز كۆزدە تارام ياش.

...

گەۋدىمىز تىپىرلار سۆيۈپ تۇپراقنى،
روھىمىز چىقالماي قەبرىدە بولغاش.
زۇلمەتتىن نۇر ئىزدەپ ئاۋارە كۆزلەر،
قاچقانمۇ بىزلەردىن ھەتتاكى قوياش.

...

ئىنساپنى ئېغىزىمىز تۆكۈردى يەرگە،
سۆكۈتتە ئۆمىدسىز قالدى قېرىنداش.
بۆگۈنكى خاتالىق ئەتىكى سىرىتماق،
ئېزىلدى يۈرەكلەر بېرەلمەي بەرداش.

## 3

## ئۆزلىكىمىز ئاھ ئۇرىدۇ

*        *

باققا كىرسەم مىۋىسى يوق،

غازىڭى بار شاق تۇرىدۇ.

شېخى ئەگىر باغۋىنى يوق،

جاڭگاللىنى كىم ياقتۇرىدۇ.

...

كۆڭۈل دېگەن ئويناپ قانماس،

رەڭلىك سورۇن چاپتۇرىدۇ.

ئۆيدە مەزلۇم ساقلاپ ھارماس،

شەيتانلىرىم چاندۇرىدۇ.

...

بەڭۋاشلىقىم ئاندىن يامان،

سىر تاماشا قاندۇرىدۇ،

قاراملىقىم تۇتسا شۇئان.

قېرىنداشتىن تاندۇرىدۇ.

...

كۆنۈپ كەتتىم شۇنداق ياشاپ،

دەۋىر بۇنى ياقتۇرىدۇ.

لىيىغاندۇر سۇنىڭ بېشى،

ئېرىقتا لاي ئاقتۇرىدۇ.

...

نادانلارغا ھۆرمەت تولا،

ئالىمغا تىل ياندۇرىدۇ.

ئالدى ئىشىك قۇلۇپلانغان،

كەينىدە پىل ماڭدۇرىدۇ.

...

جانغا راھەت قىزىل بولاق،

تەخسىسى بار قاندۇرىدۇ.

تۇلپار چاپماس ئىشەكچىلىك،

گاھ كەينىگە ياندۇردۇ.

...

ئالماس بىلىم تارتىپ چىلىم،

باشنى تۇمان قايدۇردۇ.

ھالىمىز شۇ جىمتۇر تىلىم،

ئۆزلىكىمىز ئاھ ئۇردۇ.

## 4

## مانا بۇ،مەن

جاپا تارتما سوراپ ئۆزگىدىن،

كىملىكىمنى بىلمەكچى بولساڭ .

قوياش كەبى پارلاپ كۆندۈزى،

تۈندە ئايدەك يورۇق مەن ئۇقساڭ .

تۆلكە كەبى ھىيلە قىلمىدىم،

شىر يۈرەك مەن ئەردەك ياشىغان،
ساتمىدىم دوست ساتمىدىم ۋىجدان،
مانا بۇ مەن ئەردەك تۇغۇلغان .

كىملىكىمنى سورا ئۆزەمدىن،
يىلتىزىمدۇر ئەسلى ئوغۇزخان .
هايات ئۇلۇغ ،ئۆلۈم شەرەپلىك،
مانا بۇ مەن سۆيۈتىم ئىنسان .

دۈشمىنىمگە گوياكى خەنجەر،
كۆكرىكىمگە ئوقدەك قادالغان .
دوستلىرىمغا تەشنا بۇلاق مەن،
تەشنالىقتا ئىچسۇن چاڭقىغان .

قورقىشىم يوق يولدىن چىقمىدىم،
ئىشەنسەڭ راست،ئىيتمىدىم يالغان،
ئىزدىمىدىم هارامدىن بايلىق،

شۈكرى دىدىم بۇ تىنىم ئامان .

بەرمەس تىلىم غەيۋەتكە ئورۇن ،
چۈنكى ساپتۇر تۇمۇرۇمدا قان .
كىبىرسىزمەن شەيتان ئەمەسمەن ،
ئامانەتتۇر جىسمىمدا بۇ جان .

قايتىشىم راست تۇپراققا بىركۈن ،
مەن دۇنياغا ۋاقىتلىق مىھمان .
پۇشايمانسىز ئەردەك ياشايمەن ،
مانا بۇ مەن ئەسلىم مۇسۇلمان .

5

## چىدىشىم كېرەك

شاتلىقىڭدىن قايغۇڭ كۆپ دۇنيا ،
ھەرقىسمەتكە كۆنۈشۈم كېرەك ،

تۈكۈلمەيدۇ يىگىتنىڭ يىشى،
مەن ئەركەكمەن چىدىشىم كېرەك،

نىملەرنى كۆرمۈدۈم ياشاپ،
گاھ ئەلەمدە چارچىدىم قاقشاپ،
كىمگە باراي داتلىنىپ ۋايساپ،
مەن ئەركەكمەن چىدىشىم كېرەك،

توققۇزى رەڭ بىرى جەڭ ئىكەن،
مانا شۇنداق بۇ ھايات دىگەن،
ئالدىمدا گۈل كەينىمدە تىكەن،
مەن ئەركەكمەن چىدىشىم كېرەك،

ئۆتمۈشلىرىم بەرسە پۇشايمان،
بۈگۈنۈم ھەم ئالار ئىمتىھان،
ئەتە سوئال ماڭا ھەرقاچان،
مەن ئەركەكمەن چىدىشىم كېرەك،

دوست رەنجىتتى دىلىم كۆلمىدى،
يار يۇرەكنى تىلدى سۆيمىدى،
قېرىنداشمۇ قاشتى كۆيمىدى،
مەن ئەركەكمەن چىدىشىم كېرەك،

سۆيگۈ بەردىم ئازابىم يىراق،
مېھىر بەردىم دىلىمدا پىراق،
ئۆز،ئۆزۈمنى سۆيەلمەي بىراق،
مەن ئەركەكمەن چىدىشىم كېرەك،

شۈكرى دىدىم كۆرگەنلىرىمگە،
مىڭ ھىجراندا يۈرگەنلىرىمگە،
كىملەر ئۈچۈن ئۆلگەنلىرىمگە،
مەن ئەركەكمەن چىدىشىم كېرەك

**6**

# كۆيدى

كۆيدى بىرگۈل قالدى باغۋەنسىز،
كۆيدى باھار قۇرىدى يىلتىز.
كۆيدى بىرقىز قالدى ماكانسىز،
كۆيدى يۈرەك يېقىلدى جانسىز.

،

كۆيدى ۋىجدان دەۋىر چاقىدا،
كۆيدى ۋاقىت كۈنلەر بەركەتسىز،
كۆيدى كۆڭۈل ھىجران دىغىدا،
كۆيدى دەريا ئاقمىدى ھەرگىز.

،

كۆيدى ئەرلىك رومكا ئىچىدە،
كۆيدى بۈگۈن قالدى ئەركىسىز.
كۆيدى پاكلىق يامغۇرغا تەشنا،
كۆيدى ھۆرمەت قالدى قەدىرسىز.

،

كۆيدى قەغەز كۆيدى رىۋايەت،

كۆيدى قەلەم قالدى سىياھسىز.

كۆيدى ئالىم نادانغا نۇسرەت،

كۆيدى زېمىن ھەرجاي گىياھسىز.

،

كۆيدى تاغلار قىزاردا تاشلار،

كۆيدى ئاسمان گۈلخاندۇر دېڭىز.

كۆيدى ئۆزلۈك ئاقىدۇ ياشلار،

كۆيدى كارۋان كۆمۈلمەكتە ئىز.

7

پارچىلانغان تىنىقلار.

1

بىر ئىنسان تۇغۇلدى دۇنياغا يىغلاپ،

چوڭ بولدى ئاخىرى نوتىدەك بىخلاپ.
ساھىپخان بۇ دۇنيا ئۆزاتتى ئۇنى،
كۆمۈلدى تۇپراققا ياتقانچە ئۇخلاپ.

2

كەلدى شۇنداق بىر زامانلار مەن ئۈنگدىن ھەيرانە،
نادانلارنىڭ تىلى قۇترار لېكىن دىلى ۋەيرانە.
بىلىمدارلار ئۆچەر بولدى بىلىمسىزلەر ۋەجىدىن،
كېيىن ياندى چىراق بولۇپ قارغۇ كۆڭۈل پەرۋانە.

3

مۇھەببەت ئىنساننىڭ بۈيۈك ئارمىنى،
جەم قىلار نىكاھ ئۇ ۋىسالغا سىنى.
كىرسەڭ گەرھەۋەستە شەھۋەت قوينىغا،
بۇلغايسەن ئەڭ پاكىز روھىيىتىڭنى.

4

مورىدىن چىققان ئىس چوقۇم زەھەرلىك،

بۇرۇندىن چىققان ئىس ئۇندىن خەتەرلىك.

ئاقكەن دەپ بىرىلمە سىرلىق تۇمانغا،

پارتىلاپ جان ئالار بۇ ئىس قەرەللىك.

**5**

كۆرەلمەسلەر ھەسەت بىرلە يولۇڭنى قازار،

يىقىتىشنى ئىستەر ھامان ئۆلگىنى قازار.

بىرنامەردنى دوستۇم دەپلا بەرمە سىرىڭنى،

ئېغىر كۈندە قالساڭ بېرىپ گۆرۈڭنى قازار.

**6**

ئەسلىنەر بىرئاقىل بولسا روھى تەندىن جۇدا،

ئەسلەنمەس بىرنادان چۈنكى ئىلىم ـ پەندىن جۇدا،

ئىشەنمىگىن مەن ھايات دېسە بىراۋ ئۆزىنى،

ئۇ ئۆلۈكتۇر ئەسلى بولسا گەر ۋەتەندىن جۇدا.

**7**

بىرەر ھايۋان تېزەكلىسە بولدۇق بىزار ئاتتۇق تاشنى،

بىرەر ئادەم شەنىگە چىشسا سۆكۈت قىلدۇق ئەگىپ باشنى.

نادانلارغا ئىشىك ئوچۇق ئالىملارنىڭ ئېغىزى قۇلۇپ،

ناتىۋانغا ياغسا تۆھمەت كۆردۇق ئويۇن تۆكسە ياشنى.

8

ئوتى ئۆچتى ئوچاقنىڭ كوچىلغىدەك تۆمۈر يوق،

تاپقانچاغدا تۆمۈرنى قالىغىدەك كۆمۈر يوق.

يىغقانچاغدا مال دۇنيا بۇ دۇنيانى قوغلىشىپ،

ئارمان بىلەن كەتتۇققۇ خەجلىگىدەك ئۆمۈر يوق.

9

ئەي ئادەم ئىزىڭ قالدى كەتتى جەستىڭ،

شاتلىقىڭ ئۆزۈڭ بىلەن قالدى ھەسرىتىڭ.

جۇدالىقدا كۆڭۈل يىغلاپ تۇتتى ماتەم،

دىلدا ئۆچمەس قەبرىلەردە قالغان ئىسمىڭ.

8

ئۆز يۇرتىغا پاتمىغان بالام.

...

قەبرىگاھىڭ دېڭىز بولدىمۇ،
ھايات يولۇڭ ئۈزۈلدى تامام.
تالاي يۇرەك يىغلار سەن ئۈچۈن،
ئۆز يۇرتىغا پاتمىغان بالام.

...

تىنچ ماكان ئارزۇيۇڭ ئىكەن،
لېكىن باركەن يولۇڭدا تىكەن،
ۋەتەنسىزلىك يۈگىدى كېپەن،
ئۆز يۇرتىغا پاتمىغان بالام.

...

ھەر ئويلىسام كۆزدە تارام ياش،
بېرەلمىدى يۇرتىم بەرداش،
بولغان بولساڭ قىلسام بىر باغاش،

ئۆز يۇرتىغا  پاتمىغان بالام.

...

بىرەي ساڭا باغۇ بوستانلىق،

بىرەي مېھرى شۇنچە يېقىملىق،

لېكىن سەن يوق كۆلسەممۇ ئىللىق،

ئۆز يۇرتىغا پاتمىغان بالام.

...

كۆزۈڭ ئوچۇق كەتتى يۇمۇلماي،

ئاتاڭ ئۆچۈن بەلكى قىيالماي،

«ئايلا» دېدۇق ساڭا چىدالماي،

ئۆز يۇرتىغا پاتمىغان بالام.

9

جىنايەت.

...

تۇغۇلمايلار قەتلى قىلىنار،

ئانا قاتىل دادا گۇناھكار.
ئازغۇنلۇقتا قىلغان خاتالىق،
ھەق ئالدىدا ھامان جاۋاپكار.

...

توققۇز ئايغا تارىكەلگەن ئۇۋا،
بىر جانغا ھەم تار كەلگەن دۇنيا.
سوت ئالدىغا بارالمىدى راست،
ئىگراشقىمۇ پۇرسەت يوق توۋا.

...

ئەقىل بىلەن باسمىغان قەدەم،
تۈن قوينىدا يىرتىلغان پەردە.
تولغانماقتا ناپاك بەدەنلەر،
بۇ جىنايەت باشلانغان يەردە.

**10**

ئۆلار ئالدىراش.

...

شەرىقتىكى بىرتال مەرۋايىت،

كۆكتە گويا چاقنىغان قۇياش.

سايامەتنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى،

ئۆز غېمىدە ئۇلار ئالدىراش.

...

ئىران ئاتوم دەردىدە قالدى،

ئىراق ھالسىز بەكلا چارچىدى،

لىۋىيەمۇ يىقىلدى ھاردى،

ئۆز غېمىدە ئۇلار ئالدىراش.

...

سۇرىيەدىن ھەممە قاچىدۇ،

چۈنكى باشقا ئوقلار ياغىدۇ،

دەريا بولۇپ قانلار ئاقدۇ،
ئۆز غېمىدە ئۇلار ئالدىراش.

...

پەلەستىنىنىڭ دەردى ئاشقىچە،
خاتىرجەمسىز قېرى ـ ياشقىچە،
تەڭسىزلىكتە دۇنيا باشقىچە،
ئۆز غېمىدە ئۇلار ئالدىراش.

...

ئوتتۇر شەرىق كۆيۈۋاتقان دۇنيا،
كىمگە ئازاب كىمگە تاماشا،
گۇناھكارلار كۆرمىدى جازا،
ئۆز غېمىدە ھەممە ئالدىراش.

...

ئافرىقىدا ئاچلىق ئازابى،
ئەكەپ بېرەر ئەجەل قازاسى،

كارى يوقمۇ ھېچكىمنىڭ زادى.

ئۆز غېمىدە ئۇلار ئالدىراش.

...

ياۋرۇپادا ئايغا ساياھەت،

مارىستىن ئۆي ئالماقچى ھەيۋەت،

«ب د ت»دا ھەركۈنى سۆھبەت،

ئۆز ئىشىدە ئۇلار ئالدىراش.

تەمىنلىگۈچى : شېئىرىيەت سالونىدىن نەپىس دىل

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

**www.yanghin.net** **www.yanghin.cn**

**kitab@yanghin.net** **admin@yanghin.net**